PUBLISHED BY EASTERN TURKESTAN (UYGHURISTAN) NATIONAL CONGRESS

# ئىستىقلال
# ISTIKLAL

2001 ـ يىلى 11 ـ ئاي
35 ـ 36 ـ سان

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي ـ ئىلمىي گېزىت

### جەنئەللەردە ئىلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي كۈرشىمىز تارىخى باسقۇچقا قەدەم قويدى:

# 3 ـ نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي ياۋرۇپا پارلامېنتىدا غەلىبىلىك ئېچىلدى

ئۆز خەۋىرىمىز: ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقىمىز ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان 3 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شۇنچە توسقۇنلۇق قىلىشىغا ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى كۈچلۈك ھۇجۇمىغا قارىماستىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە بېلگىيەنىڭ پايتەختى بۇرۇكسەلدىكى ياۋرۇپا پارلامېنتىدا مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلدى.

(8 ـ بەتتە)





## خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي قۇرۇلتىيىمىزغا قاراتقان دىپلوماتىك ھۇجۇمى

## ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: كوممۇنىستىك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي قۇرۇلتىيىمىز تەرىپىدىن بۇ يىل ئوكتەبىردە ياۋرۇپا پارلامېنتىدا چاقىرىلىدىغان « يېرىم ئەسىردىن بۇيان كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان » دېگەن تېمىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنى ۋە 3 ـ نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنى توسۇش ئۈچۈن بىر قانچە ئايدىن بۇيان ئېلىپ بارغان دىپلوماتىك ھۇجۇمى ئېغىر مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ ئىككى يىغىنىمىزنىڭ ئەسلىدە بەلگۈلەنگەن ۋاقىت ـ سائەت ئىچىدە ياۋرۇپا پارلامېنتىدا مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلغانلىقى ـ ( داۋامى 6 . بەتتە )

## مىللىي قۇرۇلتاي تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى

### ياۋرۇپا پارلامېنتىدا غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى




ئۆز خەۋىرىمىز: « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » بىلەن ياۋرۇپا پارلامېنتىدىكى « ترانسى ناتسىونال رادىكال پارتىي » نىڭ ئورتاق تەشكىللىشى بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان، « يېرىم ئەسىردىن بۇيان كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى » دېگەن تېمىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شۇنچە ( 2 . بەتتە)

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

# مىللىي قۇرۇلتاي تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى ياۋروپا پارلامېنتىدا غەلبىلىك ئۆتكۈزۈلدى




( بېشى 1 - بەتتە ) قىلىشلىق كۆرسىتىشكە قارىماي بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ياۋروپا پارلامېنتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا ئۆتكۈزۈلدى. ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي هەرىكىتىمىزنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىغا ئايلانغان بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى چەتئەللەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنيا سىياسىي سەهنىلىرىدە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى.

ئامېرىكىلىق، ياۋروپالىق، تۈركىيەلىك، تىبەتلىك ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق كۆپ ساندىكى ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە سىياسىيونلارنىڭ ئىشتىراكىدا توپ - توغرا بىر كۈن داۋام قىلغان بۇ يىغىندا، ئاسارەت ئىچىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى، شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ خەلقئارادىكى ئورنى، خەلقئارا قانۇن - پىرىنسىپلار بويىچە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى

بەلگىلەش هوقوقى... قاتارلىق تېمىلاردا چوڭقۇر مۇهاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. ئىنگلىز تىلىدا ئېلىپ بېرىلغان بۇ مۇهاكىمە يىغىنىنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالى ياۋروپا پارلامېنتىغا ئەزا « ترانس ناتسيونال رادىكال پارتىيە » نىڭ ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق نەقمەيداندىن جانلىق هالدا پۈتۈن دۇنياغا ئەينەن تارقىتىلدى.

17 - ئۆكتەبىر كۈنى ئەتىگەن سائەت 30 : 9 دا ياۋروپا پارلامېنتىدىكى يىغىن زالىدا باشلانغان بۇ قېتىمقى يىغىننى مىللىي قۇرۇلتاي بىلەن بىرلىكتە تەشكىللىگەن « ترانس ناتسيونال رادىكال پارتىيە » نىڭ باش كاتىۋى ئولىۋىر دۇپۇيىس ئەپەندى سۆز قىلىپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنى قىسقىچە تەبرىكلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننى يىغىننى باشقۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

يىغىن رىياسەتچىسى ئەنۋەرجان، يىغىنىنىڭ بېشىدا قىلغان قىسقىچە ئېچىلىش نۇتقىدا، ئۇيغۇر خەلقىگە هېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان چەتئەللىك دوستلارغا، شۇنداقلا يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا بارلىق ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن ئالاهىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئىزهار قىلدى. ئارقىدىن ئۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى يولىدا قۇربان بولغان شېهىتلىرىمىزغا ۋە 11 - سېنتەبىر كۈنى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن تېرورىستىك ۋەقەدە هاياتىدىن ئايرىلغانلارغا هۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى بىر مىنۇت سۈكۈتتە تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ، بىر مىنۇت سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، « بۈگۈن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا بارلىق هەق - هوقۇقلىرىدىن مەهرۇم قىلىنغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەهۋالى هەققىدە خەلقئارا سىياسەتچىلەر، كىشىلىك هوقۇقنى قوغدىغۇچىلار، ئالىملار ۋە خىتاينىڭ تۈرمىلىرىدە ئۇزۇن مەزگىل ئازاپ - ئوقۇبەت تارتقان پېشقەدەم ئۇيغۇرلىرىمىز دەلىل - ئىسپاتلارغا تايىنىپ تۇرۇپ ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى هەققىدە مەلۇمات بېرىدۇ، ئۇيغۇر داۋاسىنىڭ

خەلقئارادا تۇتقان ئورنى تالاش - تارتىش قىلىنىدۇ، شۇنداقلا، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ پەرۋاسىزلىقى تۈپەيلىدىن دۇنيا سەهنىسىدىن يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن نىمىلەر قىلىنىشى كېرەكلىكى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ » دېدى.

17 - ئۆكتەبىر كۈنى ئەتىگەن سائەت 30 : 9 دىن، چۈشتىن كېيىن سائەت 30 : 18 گىچە داۋام قىلغان بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنىدا، كۈنتەرتىپ بويىچە، ياۋروپا پارلامېنتى تەركىبىدىكى « ترانس ناتسيونال رادىكال پارتىيە » نىڭ باش كاتىۋى ئولىۋىر دۇپۇيىس ئەپەندى، 37 يىلنى خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئۆتكۈزگەن ئۇيغۇر ئالىمى هاجى ياقۇپ ئانات، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان، « ئونپو » تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىۋى ئەركىن ئالىپتېكىن، خەلقئارالىق قانۇنشۇناس پىروفېسسور مىخائىل ۋان ۋالت ۋان پىراگ ئەپەندى، ئىستانبۇل كوچ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى تىمۇر كوجائوغلۇ ئەپەندى، ئامېرىكىلىق يازغۇچى ۋە ئۇيغۇر دوستى تىمودىي كوپەر ئەپەندى، « دۇنيا خەتەر







ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى نىڭ ئاسىيە بۆلۈمى باشلىقى ئۇلرىخ دېلىيۇس، تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپادىكى باش ۋەكىلى كېلساڭ گياسەن ئەپەندى، فرانسىيەلىك خىتايشۇناس ئالىم ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدۇغۇچى مارىي ھولزمان، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ پەخرى رەئىسى گېنىرال مۇھەممەت رىزابېكىن، ياۋروپا پارلامېنتى خىتاي بىلەن ئالاقىلىشىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى پېر گارتون... قاتارلىقلار، مەخسۇس ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە ھازىرلىغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

يىغىنغا، يۇقارقى كىشىلەردىن باشقا يەنە 3 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋەكىللەر، ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بېلگىيە شۆبىسىنىڭ مەسئۇللىرى، بېلگىيەدىكى بەزى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى، چەتئەللىك مۇخبىرلار، شۇنداقلا بېلگىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ئىشتىراك قىلدى.

بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ياۋروپا پارلامېنتى خىتاي بىلەن ئالاقىدار بۆلۈمنىڭ باشلىقى پېر گاھرتون ۋە ياۋروپا پارلامېنت قارمىقىدىكى ترانس ناتسىيونال رادىكا پارتىيى نىڭ باش كاتىۋى ئولىۋىر دۇپۇيىس ئەپەندىنىڭ قىلغان سۆزلىرى، بۇ يىغىننىڭ قانچىلىك بىر قىيىن شارائىتتا ئېچىلغانلىقىنى ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ يىغىننى توسۇش ئۈچۈن قانچىلىك كۆپ كۈچ سەرىپ قىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. پېر گاھرتون ئەپەندى سۆزىنىڭ بېشىدىلا، بايا مەن ئىشخانامدا بۇ يىغىنغا كېلىشكە ھازىرلىنىۋاتقاندا، بۇرۇكسەلدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىدىن مېنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشماسلىقىمنى تەۋسىيە قىلىپ بىر پارچە فاكس كەلدى، بۇ فاكس ماڭا، بۇ يىغىنغا قاتنىشىشىم كېرەكلىكىنى ۋە بۇنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم خاتىرىلەتتى.

پېر گاھرتون ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزلىرى يىغىنغا قاتناشقان ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى ئالاھىدە ھاياجانغا سالدى، چۈنكى ياۋروپا پارلامېنتىدا خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقان پېر گاھرتون ئەپەندى بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرەپتە ئەمەس، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ پېر گاھرتون ئەپەندى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇزاكىرىلەردە خىتاينىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن ۋە بىر قانچە ئاي بۇرۇن قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجاننى شىۋىتسىيەدە قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان ھېسداشلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

ترانس ناتسىيونال رادىكال پارتىيى نىڭ باش كاتىۋى ئولىۋىر دۇپۇيىس ئەپەندىمۇ، بۇ قېتىمقى يىغىننى ئېچىشتا ھېچ بىر زامان كۆرۈپ باقمىغان سىياسىي بېسىم ۋە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەنلىكىنى، بۇ سەۋەپتىن بىر قىسىم ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنىڭ بۇ يىغىنغا تولۇق ئىشتىراك قىلالمىغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ يەنە بۇ قېتىمقى يىغىننى بەلگۈلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئېچىلغانلىقىنىڭ سىياسىي جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن موھىم مۇۋاپىقىيەتلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدىغانلىقىنى، يېقىن كېلەچەكتە يەنە بارلىق ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنىڭ تولۇق ئىشتىراكىدا تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك بىر مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. كۆپچۈلۈككە مەلۇم بولغىنىدەك، ياۋروپا پارلامېنتى تەركىۋىدىكى ترانس ناتسىيونال رادىكال پارتىيى نىڭ كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە 1997 - يىلى ياۋروپا پارلامېنتى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى توغرىسىدا ئايرىم قارار ئالغان ۋە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان بېسىم سىياسىتىنى ئاشكارە ئەيىپلىگەن ئىدى.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىدا يەنە ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلغان ئەنۋەرجان، ئەركىن ئالپتېكىن ۋە گېنىرال مۇھەممەت رىزابېكىنلەر، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئەمىلىي دەلىل ئىسپاتلار ئارقىلىق بايان قىلىش بىلەن بىرگە، ياۋروپا ئەللىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياۋروپا پارلامېنتى ۋە بېلگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان غەمخورلۇقىغا ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن رەھمەت ئېيتتى ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىشقا ھەمدە خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ يالغان - ياۋىداق تەشۋىقاتلىرىغا ۋە سىياسىي تۆھمەتلىرىگە ئىشىنىپ كەتمەسلىككە چاقىردى.

قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان 20 مىنۇت داۋام قىلغان ئېنگلىزچە دوكلاتىدا، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 50 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سېلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملىرى، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش، خىتاي كۆچمىنى يۆتكەش، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مائارىپىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى خىتايلاشتۇرۇش، كېيىنكى يىللاردا داۋام قىلىۋاتقان قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنە شۇنداق سىياسىي موھىت ئىچىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەققانىي داۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇش ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان دىققەت ئېتىبارىنى قوزغاش ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىگە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قانۇن - پىرىنسىپلىرىغا ماس ھالدا تىنچلىق يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىغا بىر تۈتاش رەھبەرلىك قىلىش مەخسىدىدە شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى يېگانە ئالىي دەرىجىلىك قانۇنىي ئورگىنى ھېساپلانغان بۇ ئىنسانپەرۋەر، تېنچلىقپەرۋەر تەشكىلاتنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەممە تەرەپلەردىن تونۇلۇشى ۋە ئېتىراپ قىلىنىشىنىڭ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىستىقبالىغا، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ، شەرقىي تۈركىستاننى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ۋە خىتايدىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ تىنچلىقى، پاراۋانلىقى ۋە مۇقۇملىقى ئۈچۈن پايدىلىق مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى بىلەن ترانس ناتسىيونال رادىكا پارتىيى تەرىپىدىن بىرلىكتە ھازىرلانغان ۋە يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن مەخسۇس بايانات ئېلان قىلىندى. مەزكۇر باياناتتا، 11 - سېنتەبىر كۈنى ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن تېرورىستىك ۋەقە قاتتىق ئەيىپلىنىش بىلەن بىرگە، بۇ ۋەقەدە ھاياتىدىن ئايرىلغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىدىن ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن سەممىمىي ھال سورالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان غەيرى ئىنسانىي قىلمىشىنى يوشۇرۇش ۋە ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان قىرغىنچىلىقىنى يوللۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنى سۇيىئىستېمال قىلىۋاتقانلىقى ئەيىپلەندى.

بىرلەشمە باياناتتا يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 50 يىلدىن بۇيان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى بۇ خىل كۈرەشنىڭ خەلقئارالىق تېرورىزىم بىلەن ھېچ بىر ئالاقىسىنىڭ يوقلۇقى تەكىتلىنىش بىلەن بىرگە، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزىۋاتقان دۆلەت تېرورى قاتتىق ئەيىپلەندى.

يۇقارقى باياناتنىڭ ئاخىرىدا، دۇنيا جامائەتچىلىكى، بولۇپمۇ ياۋروپا بىرلىكى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارالىق پىرىنسىپلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن، يەنى، شەرقىي تۈركىستا ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى بىلەن بىۋاستە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە قايىل قىلىشقا چاقىرىلدى.

ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بارلىق كۈن - تەرتىپلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، ناھايىتى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا چەتئەل مۇخبىرلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە كۆپ ساندا مۇخبىرلار ئىشتىراك قىلدى.

( ئىزاھات: بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشىنى مىللىي قۇرۇلتاي تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتقان ئىنتېرنەت سەھىپىسى www.eastturkistan.com دا كۆرەلەيسىز).



# ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ نۇتۇقلىرىدىن تەرمىلەر

( ئىزاھات: ۋاقتىمىز چەكلىك بولغاچقا گېزىتىمىزنىڭ بۇ سانىدا پەقەتلا مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلغانلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسىنى دىققىتىڭلارغا سۇنالدۇق، مۇھاكىمە يىغىنى ۋە 3 ـ نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تولۇق نۇتۇقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابچە يېقىندا قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى تەرىپىدىن ئايرىم نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىدۇ)

## Olivier Dupuis

( ياۋروپا پارلامېنتى تەركىبىدىكى « ترانس ناسيونال رادىكال پارتىي » نىڭ باش كاتىۋى )



« مەن بۇ يىغىن زالىدا سىزلەر بىلەن بىرگە بولغۇنۇم ئۈچۈن بەختىيارمەن. بىز ۋە ھەممىمىز بۇ مۇھىم خەلقئارالىق يىغىننى ئېچىش ئۈچۈن قانچىلىك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىمىزنى ياخشى بىلىمىز. ئەمما، بۇ يىغىننى ئاچماسلىقىمىز ئۈچۈن بىزگە كەلگەن بېسىم ناھايىتى ئېغىر بولدى، ئۆتمۈشتە بىز كىشىلىك ھوقۇقنى مەزمۇن قىلغان بۇ خىل خەلقئارالىق يىغىنلارنى ئېچىش ئالدىدىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقلارغا ۋە توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەلگەن ئىدۇق، ئەمما بۇ قېتىمقى بېسىم ھەممىنى بېسىپ چۈشتى. بىز تونۇمۇ ـ تونۇشتىن، باشقا تەشكىلاتلار ۋە ھەتتا مەتبۇئاتلار تەرىپىدىنمۇ قاتتىق بېسىمغا ئۇچرىدۇق، بۇ سەۋەپتىن، سىزلەردىن، يەنە 20 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋەكىلى ئەنە شۇ سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇ يىغىنغا كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ھازىر بۇ يىغىننى ئېچىشتا مۇۋاپىقىيەت قازانغانلىقىمىزنى ناھايىتى زور بىر ئۇتۇق دەپ ھېساپلايمەن. بۇ، بىزنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە تەشكىللىگەن تۇنجى يىغىنىمىز. يېقىن كەلگۈسىدە يەنى بۇ خىل يىغىنلارنى بارلىق ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنىڭ تولۇق قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزىمىز. بۇ يىغىنىمىزغا كۆپ ساندا ئاخبارات خادىملىرى قاتنىشىۋاتىدۇ ۋە يىغىنىمىز شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىنتېرنەت تورى ئارقىلىق دۇنياغا نەق مەيداندىن تارقىتىلىۋاتىدۇ، دېمەك، تۆرلۈك سەۋەپلەردىن بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشالمىغان ئۇيغۇر ۋەكىللىرى بەلكىم بۇ يىغىندا ئېيتىلەرنىڭ دېيىلىۋاتقانلىقىنى ئىنتېرنەت تورى ئارقىلىق نەخ مەيداندىن ئاڭلاۋاتسا كېرەك... بىز تۇنجى بولۇپ 1997 ـ يىلى ياۋروپا پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە ئايرىم قارار چىقارغان ئىدۇق، بىز، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت مەسىلىسى توغرىسىدا ياۋروپا كونسىيى ۋە ياۋروپا بىرلىكىگە قارىتا بېسىمنى يەنىمۇ ئاشۇرىمىز. ھەقىقەتەن يۇرتۇڭلاردىكى ۋەزىيەت ناھايىتى ئېغىر، خىتاي كۈچمەنلىرى بارغانسىرى كۆپ كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، خىتاي كومۇنىستىك ھۆكۈمىتى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك ۋەھشىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ... سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا، تەشكىلاتچانلىقى، تىرىشچانلىقى ۋە مۇلايىم ئىلمىي كۆز قاراشلىرى ئۈچۈن قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجانغا رەھمەت ئېيتىمەن. ئۆتكەن ھەپتىلەردە بىز دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئەنۋەرجاننىڭ يۇقارقى خۇسۇسىيەتلىرى بولمىغان بولسا ئىدى، بۇ قېتىمقى يىغىن كۆن ـ تەرتىپتىن قالدۇرۇلغان بولاتتى.

## Per Gahrton

( ياۋروپا پارلامېنتى خىتاي بىلەن ئالاقىلەر بۆلۈمىنىڭ باشلىغى )



« بايا مەن ئىشخانامدىن بۇ يىغىنغا كېلىشكە ھازىرلىنىۋاتقاندا، بۇرۇكسەلدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىدىن مېنىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشماسلىقىمنى تەۋسىيە قىلىپ بىر پارچە فاكس كەلدى، بۇ فاكس ماڭا، بۇ يىغىنغا كېلىشىم كېرەكلىكىنى ۋە بۇنىڭ تولىمۇ زۆرۈرلۈكىنى يەنە بىر قېتىم خاتىرلاتتى... خىتاي رەھبەرلىرى ماڭا كىم بىلەن ئۇچرىشىشۇم ۋە كىم بىلەن ئۇچراشماسلىقىم كېرەكلىكى ھەققىدە كۆپ مەسلىھەت بېرىدۇ، مەن بولسام ئۇلارغا « كىم بىلەن ئۇچرىشىپ كىم بىلەن ئۇچراشماسلىقىمغا ئۆزەم قارار بېرەلەيمەن » دەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ كېلىۋاتىمەن. ھەر ھالدا خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ دېمۇكراتىك قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئاڭلاپ چۈشۈنۈشى تەس ئوخشايدۇ... شۇنداقتىمۇ خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئالاقىمىز داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ سىزلەر بىلەن، دالاي لاما بىلەن ۋە باشقىلار بىلەن ئۇچرىشىشۇم خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىمىزگە توسالغۇ بولغىنى يوق... بىزنىڭ خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىمىزنىڭ ۋەزىيەتنىڭ تۈزۈلۈشىگە، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدىسى تەككەن بولسا ياخشى بولار ئىدى، خىتاي رەھبەرلىرى، دۆلەت پارچىلىنىپ كېتەرمىكىن دەپ، ناھايىتى ئەنسىرەيدۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەشۋىشى تېخىمۇ ئاشىدۇ، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا نېمە بولۇشىنى ئۇلارمۇ بىلمەيدۇ... بىز خىتاي رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، چەكلىمىسىز ھالدا ھەر قانداق مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىمىز، بىز بىلەن مۇزاكىرىلىشىدىغان خىتاي رەھبەرلىرىنىڭ يېشى 70 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى. ئۇلار، تىبەتنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ بېسىۋېلىنغانلىقىنى « بىز بۇ يەرنى ئازات قىلدۇق » دەپ بىلىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، ئەسلىدە ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى ئازات قىلغان بولسا ياخشى بولماقمتى؟ مەسىلەن دەيلى خىتايلار ياپونلارنىڭ ئۇلارنى ئازات قىلىشىنى خالامدۇ؟ دېمەك، خىتايلار باشقا مىللەتلەرنى بېسىۋېلىپ، ئۇلارنى بىز ئازات قىلدۇق دەيدۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى شۇ شەكىلدە ئازات قىلىشىنى خالىمايدۇ. بىز ئۆز ئارا مۇزاكىرىلەردە بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدا، مۇزاكىرە شۇ يەردىلا ۋاقىتىنچە توختاپ قالىدۇ...

سىزلەرنىڭ بۇ خىل ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى ئېچىشىڭىزلار تولىمۇ پايدىلىق، مەن، زورلۇق كۈچ ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. ئازاتلىق ئۈچۈن زورلۇق كۈچ قوللىنىلماي ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەر مەنىۋى ۋە ئەخلاقىي جەھەتتىن ئۈستۈن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ... سىزلەر ھازىرقى دۇنيا شارائىتىدىكى مەنىۋى ئەخلاققا ماس ھالدا تىنچلىقپەرۋەرلىك بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىسىلەر، ئاز تولا قۇراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقانلارمۇ بار ۋە بۇلار دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدا ئەكس ئېتىپ، كۆپچىلىكنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاۋاتىدۇ. دېمەك، ئازاتلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قوللىشىغا سازاۋەر بولمىسا بۇ كۈرەش مەغلۇبىيەتكە قاراپ ماڭغىنىدەك، ئازاتلىق كۈرىشى تىنچلىق يولى بىلەن ئېلىپ بارغاندا غالىبىيەتكە قاراپ ماڭغىلى بولىدۇ... ئاخىرىدا ئىستىقباللىڭلارنىڭ پارلاق بولۇشىنى تىلەيمەن ۋە سىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرىمەن ».

## Kelsang Gyalsen

( تىبەت سەرگەردان ھۆكۈمىتىنىڭ ياۋروپادىكى پەۋقۇلئاددە ۋەكىلى )

« مەن تىبەت خەلقىگە ۋاكالىتەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق يولىدىكى كۈرىشىگە يېقىندىن ھېسداشلىق بىلدۈرىمەن ۋە ئۇلار بىلەن داۋاملىق تۈردە ھەمكارلىشىدىغانلىقىمىزنى ئىزھار قىلىمەن.

ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىنىڭ دوكلاتىنى قۇلاق سالغىنىمدا، ئۇلارنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ۋە شۇنداقلا ۋەتىنىم تىبەتنىڭ شارائىتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. دەر ھەقىقەت، ئۇيغۇر خەلقى بىلەن تىبەت خەلقىنىڭ ھازىرقى ئېغىر ئەھۋالىنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. بىز مۇستەبىت بىر دىكتاتۇرنىڭ قولىدا يەنى « خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى » دەپ ئاتالغان دۆلەتنىڭ كومۇنىستىك تۈزۈمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتىمىز. ئۇيغۇرلار ۋە بىز تىبەتلىكلەر ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ۋە مەدەنىي خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى يوقۇتۇپ قويۇش خەۋپى ئاستىدا تۇرىۋاتىمىز... خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ بۇ خىل ۋەھشى قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى ئاتالمىش « ئازاتلىق » ۋە « زامانىۋىلىشىش » دىگەندەك جۈملىلەر بىلەن نىقاپلاپ تۇرۇپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشماقتا... ئەجەپلىنورلىكى شۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى بىزلەرگە تەئەللۇق بولغان ھەر نەرسىنى « قالاقلىق » دەپ قارىلاۋاتىدۇ ۋە « تەرەققىيات » قا ئائىت ھەر



نەرسىنى ئۆزلىرىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ... بىزچە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى — ئاسىيادىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇستەملىكچى ئىمپېرىيالىستۇر!

خىتاي كوممۇنىستلىك هاكىمىيتى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ تىنچلىق يولى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئازاتلىق كۈرەشلىرىنى ئاتالمىش « تېرورىزىم » كاتوگورىيسىگە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، دۇنيا جامائەتچىلىكى بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك... ئۇزۇن كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقىنىمىزدا، ئەگەر دۆلەتلەر كۈچ ئىشلىتىشتىن ۋاز كېچىپ، دىيالوگ يولىنى تاللاپ ئالغاندا « تېرورىزىم » غا قارشى ئېنىقمۇ تەسىرلىك ۋە ئۈنۈملۈك كۈرەش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ ».

# هاجى ياقۇپ ئانات

( ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مىللىي قۇرۇلتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى )



بىز ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقتىكى خىتاي بىلەن 2000 يىلدىن بېرى مۇجادىلىمىز بار، خىتايلار دۇنيانىڭ ئەڭ كۆپ نوپۇسلۇق دۆلىتى بولغاچقا، كۆچەيگەن زامانلىرىدا دائىما ئىستىلاسىنى بىزگە قارىتىپ كەلدى، بىز كۆچەيگەندە ئۇلارنى قوغلاپ چىقىراتتۇق. خىتاي بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت — ئىستىلا ۋە ئىستىلاغا قارشى، مۇستەملىكە قىلىش ۋە مۇستەملىكە قىلىشقا قارشى كۈرەشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى. بۇ كۈرەش تاكى هازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە...

ۋەتەنداشلار، بىزنىڭ مىللىي ئىنقىلاۋىمىز تۈگىمىدى، داۋام ئەتمەكتىدۇر، يات مىللەتلەرنىڭ ئاسارەت بويۇن تۇرقىغا چۈشۈپ مۇستەملىكە هاياتى كەچۈرىدىكەنمىز، بۇ ئىنقىلاپ داۋام قىلىدۇ، تاكى مىللەتچە مىللىي ئىستىقلالىمىزنى قازانغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يىگانە بىر شەرت — ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىمىزنى كۈچەيتىشىمىز لازىمدۇر.

ۋەتەن ئىچىدىكى مۇجاھىدلىرىمىز ئەڭ ئېغىر شارائىتلاردا مىللىي كۈرىشىمىزنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ، يۇرتىمىزدا ئەمەلگە، پۇلغا، مەنپەئەتكە سېتىلغان ئاز ساندىكى بىر ئۇچۇم مىللىي مۇناپىقلار، خائىنلار ۋە خىتايلارغا سېتىلغان جاسۇسلار ئىنقىلاپچىلىرىمىز ئالدىدىكى توسالغۇدۇر، بۇلارنى تازىلىماق لازىم! جەمىيەتتە، خەلق ئىچىدە بۇلارنى سىستىماق، مۇناپىقلىقىنى، خائىنلىقىنى ۋە ساتقۇنلۇقىنى پاش قىلىپ جازاسىنى بەرمەك لازىم! مىللىي كۈرىشىمىزنىڭ بۇ باسقۇچىدا خىتايلارنىڭ قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتىگە جاۋابەن خائىنلارغا، جاسۇسلارغا قاتتىق زەربە بېرىش لازىم! ئىچىمىزدىكى مۇناپىقلارنى تازىلىماستىن تۇرۇپ، ئىنقىلاۋىمىزنى مۇۋاپىقىيەتلىك ئېلىپ بارالمايمىز!

چەتئەللەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي كۈرىشىمىز، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋە باشقا تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ جاپالىق كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ يېتەرلىك ئەمەس، مۇھاجىرەتتىكى مۇجاھىتلىرىمىزمۇ بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى ئېنىقمۇ كۈچەيتىشلىرى كېرەك. كۈچ — بىرلىكتۇر! ».



# Timur Kocaoglu

( ئىستانبۇل كوجا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىرافېسسورى )



تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى سۇنيۇشى 2001 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئېلان قىلغان باياناتىدا، « شەرقىي تۈركىستانلىق تېرورىستلارغا قارشى كۈرىشىمىزنىڭ، خەلقئارا تېرورىزىمغا قارشى كۈرىشىنىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز » دەپ بىلدۈردى. خىتاي ھۆكۈمىتى « شەرقىي تۈركىستان » كېلىمىسىنى تېرورىزىم بىلەن ئوخشاش كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە، ئەمما، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىل قارلاشلىرىغا قارىماي غەرىپ دۆلەتلىرى شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت مەسىلىسىنىڭ خىتايدىكى جىددىي بىر ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ھەر زامان خىتاي ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرۈپ كەلمەكتە...

ئەمما شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي مەدەنىيىتىنى يوقۇتۇش ئارقىلىق، ئۇلارنى خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆزى ئالدىدا شىددەت بىلەن يولغا قويۇپ كەلمەكتە، شۇڭا، پۈتۈن ھۆر ۋە دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزىۋاتقان بۇ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا « توختا » دەيدىغان زامانى يېتىپ كەلدى، ئۇلار، 1949 - يىلدا باشلانغان ۋە بۈگۈنكى 21 - ئەسىرگىچە داۋام قىلىۋاتقان بۇ يىرىم ئەسىرلىك « ئىنسانلىق ئەيۋى ۋە پاجىئەسى » قارىتا ۋاقىت كېچىكتۈرمەي ئىنكاس قايتۇرۇشى لازىم ».

« خىتاي ھۆكۈمىتى 1949 - يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئىككى خىل قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە، ئۇلارنىڭ بىرى — ئېرقىي قىرغىنچىلىق، يەنە بىرسى بولسا مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىدىن ئىبارەت.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يېرىم ئەسىردىن بۇيان شىددەت بىلەن يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىنىڭ تۈپ مەخسىدى — شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يوق قىلىشتىن ئىبارەت... شەرقىي تۈركىستاندا 1933 - يىلى ۋە 1944 - يىللىرى قۇرۇلغان 2 ئايرىم مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنىڭ نامى ئوچۇق ھالدا « شەرقىي تۈركىستان » دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ دۆلەتنى « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دەپ ئاتاش ئارقىلىق، « شەرقىي تۈركىستا » كەلىمىسىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، بۇ زېمىننى خىتاينىڭ بىر پارچىسى قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە...

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان » كېلىمىسىگە بولغان ئىتىرازى بۈگۈنمۇ ھەم داۋام قىلماقتا، خىتاي





# خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلتىيىمىزغا قاراتقان دىپلوماتىك ھۇجۇمى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى




چەتئەللەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ھەرىكىتىمىزنىڭ دۇنيا سەھنىسىدە يېڭى بىر بالداققا كۆتۈرۈلۈپلا قالماستىن، بەلكى ئاسارەت ئىچىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەققانى داۋاسىنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىسپاتلىدى.

بىر قانچە ئاي بۇرۇن، مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى، 2001 - يىلى 17 - 19 - ئۆكتەبىر كۈنلىرى ياۋرۇپا پارلامېنتىدا « يېرىم ئەسىردىن بۇيان كوممۇنىست خىتاي ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان » دېگەن تېما ئاستىدا خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ۋە 3 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاينى ئېچىشنى قارار قىلغان ۋە بۇ ھەقتە ياۋرۇپا پارلامېنتىنىڭ ماقۇللىغىنى ئالغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ يىغىنلارنىڭ ياۋرۇپا پارلامېنتىدا ئېچىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئالىي دەرىجىلىك دىپلوماتىك ھەرىكەت باشلىغان ئىدى. تاكى يىغىن باشلىنىدىغان 17 - ئۆكتەبىرگىچە خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ياۋرۇپا كونسىيگە، ياۋرۇپا پارلامېنتىغا، بېلگىيە ھۆكۈمىتىگە ۋە ياۋرۇپا بىرلىكىگە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە باياناتنامە ۋە نارازىلىق مەكتۇپلىرىنى يوللاپ، ئۇلاردىن بۇ قېتىمقى يىغىننى توختۇتۇشنى جىددىي تەلەپ قىلغان ئىدى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەلىۋى رەت قىلىندى. يىغىن ھارپىسىغا قەدەر بېلگىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى 15 كۈن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بۇ قېتىم ياۋرۇپا پارلامېنتىدا چاقىرىلىدىغان بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن دەۋەت قىلىنغان 57 نەپەر ئۇيغۇر ۋەكىلگە ۋە مېھمانلارغا بېلگىيەگە كېلىش ئۈچۈن ۋىزا بېرىش ھەققىدە قارار چىقاردى.

ئەلۋەتتىكى بۇنىڭدا قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ خىتاينىڭ دىپلوماتىك ھەرىكىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان بىر قاتار جىددىي تىرىشچانلىقلىرىنىڭ رولى چوڭ بولدى. چۈنكى خىتاي ھۆكۈمىتى يىغىننى توختۇتۇش ئۈچۈن دىپلوماتىك ھەرىكەتكە ئۆتكەندىن كېيىن، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى ياۋرۇپا پارلامېنتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرىغا ۋە بېلگىيە ھۆكۈمىتىگە مۇراجەتنامە يوللاپ، كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىننى توسۇشىدىكى سىياسىي غەرىزىنى پاش قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەللەردىكى مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ۋە بۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مەقسىدى ۋە ھەرىكەتلىرى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەرگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ يەنە خىتاي ھۆكۈمىتى مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، 11 - سېنتەبىر ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن تېرورىستىك ۋەقەنى كوزىر قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھەرىكىتىنى « تېرورىستىك ھەرىكەت » دەپ قارىلاشقا تىرىشتى ۋە ياۋرۇپا پارلامېنتىغا ساختا « دەلىل - ئىسپات » لارنى يوللاپ، بۇ قېتىم يىغىنغا كېلىدىغان ۋەكىللەرنىڭ بىر قىسمىنى « تېرورىست » دەپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز تەرىپىدىن ياۋرۇپا پارلامېنتىدا چاقىرىلىدىغان يىغىنىمىزنىڭ ۋاقتى قىستاپ قالغىنى ئۈچۈن، ياۋرۇپا پارلامېنتى ۋە بېلگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئىمكانىيىتى بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى يىغىن ئامېرىكىنىڭ ئافغانىستاندىكى ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ تازا ئەۋجىگە چىققان بىر مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، ياۋرۇپا پارلامېنتى ۋە بېلگىيە ھۆكۈمىتى بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىن كېلىدىغان ۋەكىللىرىمىزگە بېرىلىدىغان ۋىزىنىڭ دائىرىسىنى قىسمەن تارايتتى. شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بىلەن 3 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ئەسلىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە، يەنى 17 - 19 - ئۆكتەبىر كۈنلىرى ياۋرۇپا پارلامېنتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا چاقىرىلدى ھەمدە بۇ قېتىمقى يىغىنغا چەتئەللىك مېھمانلاردىن سىرت، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ 36 نەپەر رەسمىي ۋەكىلى بىۋاستە ياكى ۋاكالەت بىلەن ئىشتىراك قىلدى.

يۇقارقى يىغىنلارنىڭ ياۋرۇپا پارلامېنتىدە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلگەنلىكى، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ياۋرۇپا سىياسىي سەھنىلىرىدە دىپلوماتىيە جەھەتتە ئېغىر بىر زەربە بولدى. يىغىن ئاخىرلاشقان كۈنى، يەنى 19 - ئۆكتەبىر كۈنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باياناتچىسى سۇن يۈشيەن بېيجىندا بايانات ئېلان قىلىپ، ياۋرۇپا پارلامېنتىنى ۋە چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى غالجىرلىق بىلەن چىشلەپ تارتتى.

سۇن يۈشيەن ئالدى بىلەن ياۋرۇپا پارلامېنتىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى:

« ياۋرۇپا پارلامېنتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ كۆپ قېتىملىق قاتتىق قارشىلىقىغا پىسەنت قىلماي، بىر قىسىم « شەرقىي تۈركىستان » ئۇنسۇرلىرىنىڭ پارلامەنت بىناسىدا شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىشىغا يول قويۇپ، ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بىلە شۇغۇللانغانلىقىغا زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بىز بۇنىڭغا قاتتىق نارازىمىز ۋە نەپرەتلىنىمىز ».

سۇن يۈشيەننىڭ يۇقۇرقى باياناتلىرىنىڭ، بۇ قېتىم ياۋرۇپا پارلامېنتىدا چاقىرىلغان يىغىنىمىزنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە نەقەدەر ئېغىر زەربە بەرگەنلىكىنى روشەن ھالدا كۆرسىتىپ تۇرماقتا.

سۇن يۈشيەن باياناتىدا يەنە چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ يىللاردىن بۇيان خەلقئارالىق قانۇن ـ پىرىنسىپلىرىغا ۋە ھەر قايسى ئەللەرنىڭ قانۇنلىرىغا ئەمەل قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىۋاتقان تىنچلىق شەكلىدىكى مىللىي ھەرىكىتىنى قارىلاپ مۇنداق دېدى:

« شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتى بولسا جۇڭگونى پارچىلاشقا ئۇرۇنىۋاتقان تېرورچى كۈچلەر بولۇپ، ئۇلار خەلقئارا تېرورچى تەشكىلاتلار بىلەن زىچ بىرلىشىپ، جۇڭگودا ۋە خوشنا دۆلەتلەردە تېرورچىلىق ۋە زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. خەلقئارادا تېرورىزىمغا قارشى ھەرىكەتنى كۈچەيتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، « شەرقىي تۈركىستان » ئەسلى قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، « كىشىلىك ھوقوق، « دېموكراتىيە، ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقوقىنى قوغداش » دېگەندەك ناملار بىلەن جۇڭگونى پارچىلاش ھەرىكىتى بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانماقتا، ئۇلار ئۇسۇللىرىنى مەيلى قانداق ئۆزگەرتسۇن، بىراق ئۇلارنىڭ تېرورچى تەشكىلات ئىكەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئاتالمىش « شەرقىي تۈركىستان مۇھاكىمە يىغىنى » ـ پەقەتلا ئۇلارنىڭ بىر ئويۇنى ».

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتچىسى ئاخىرىدا، ياۋرۇپا ئەللىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيىتىنى توسۇشنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېدى:

« ياۋرۇپا پارلامېنتىنىڭ بۇنداق تەشكىلاتقا سورۇن ھازىرلاپ بېرىشى بولسا، تېرورىزىمغا قارشى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىۋاتقان ھازىرقى بۇ خەلقئارالىق ئېقىمغا قارشى تۇرغانلىق. ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى ياۋرۇپا پارلامېنتىنىڭ جۇڭگولۇقلار قەلبىدىكى ئوبرازىغا ۋە



جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېسسىياتىغا ئېغىر زەربە بولدى. جۇڭگو — ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. بىز، ياۋروپا تەرەپلىرىنىڭ تېرورىزىمغا قارشى خەلقئارالىق ھەمكارلىقنىڭ روھىغا ئىزچىل ھالدا ئەمەل قىلىپ، جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنى قوغداشتەك چوڭ ئېقىمنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شەرقىي تۈركىستان تېرورلۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ ياۋروپادىكى ھەرىكەتلىرىنى توسۇپ، جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا ئەھمىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ».

دېمەك، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقارقى باياناتلىرىدىن شۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، بۇ قېتىم ياۋروپا پارلامېنتىدا چاقىرىلىدىغان يىغىنىمىزنى توسۇپ قالالمىغان خىتاي ھۆكۈمىتى، نۆۋەتتە خەلقئارادا « تېرورىزىم » مەسىلىسى ھەققىدە ئوتتۇرىغا چىققان نازۇك ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە ياۋروپادا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى يوقۇتۇش ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلىغان.

ئەلۋەتتىكى، ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، بولۇپمۇ مىللىي قۇرۇلتىيىمىز خىتاينىڭ يېڭى سىياسىي نەيرەڭلىرىنى بەربات قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرىپ قىلغۇسى.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ياۋروپا بىرلىكىنىڭ جىددىي ھالدا تېرورىزىم خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ۋە ياۋروپالىقلار ئارىسىدا مۇسۇلمان خەلقلەرگە نىسبەتەن مەنفىي قاراشلار يۇكسىلىۋاتقان بىر پەيتتە، يەنە كېلىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شۇنچە نارازىلىقىغا قارىماي مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بەلگۈلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ياۋروپا پارلامېنتىدا ئېچىلىشىغا يول قويۇلغانلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا:

بىرىنچىدىن، گېرمانىيەدە قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە بولغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ياۋروپا ئەللىرىنىڭ، بولۇپمۇ بېلگىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن.

ئىككىنچىدىن، ياۋروپا پارلامېنتى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا « تېرورىست » دېگەن قالپاقنى كېيگۈزۈش ئارقىلىق، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىتىنى توسۇش ۋە ئۇلارنى يوقۇتۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن.

ئۈچۈنچىدىن، ياۋروپا ئەللىرى ئىسلامىي تېرور مەسىلىسى بىلەن خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قارشى مىللىي كۈرىشىنىڭ بىر - بىرى بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقلۇقىنى، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نۆۋەتتە خەلقئارادا ئوتتۇرىغا چىققان ئىسلامىي تېرور كرىزىسى بىلەن ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى بىر - بىرىگە باغلاش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانىي كۈرىشىنى قانداقتۇر « تېرورىستىك ھەرىكەت » دەپ تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىمىزنى توسۇش ئۈچۈن بۇ قەدەر زور كۈچ سەرىپ قىلىشى — دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلتىيىمىزدىن، جۈملىدىن مىللىي بىرلىكىمىزدىن ئىنتايىن تەشۋىشلەنگەنلىكىنى ۋە مىللىي بىرلىكىمىزنى يوقۇتۇش ئۈچۈن تېخىمۇ غالجىرلاشقانلىقىنى ئاشكارىلاپ بەردى، بۇ ھال، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن مىللىي بىرلىكىمىزنى كۈچەيتىش ۋە قوغداپ قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ كۈچ سەرىپ قىلىشىمىز لازىملىقىنى كۆرسەتمەكتە. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى جىددىي خەلقئارالىق ۋەزىيەت ئاستىدا، چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلىرىمىز خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئالاھىدە ھوشيار بولۇشى، دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئەتراپلىق كۆزىتىشى ۋە تەھلىل قىلىشى، تالىبان مەسىلىسى، قۇراللىق كۈرەش مەسىلىسى ۋە ئىسلامىي تېرور مەسىلىسى... قاتارلىق نازۇك تېمىلاردا چەتئەللىكلەرگە پىكىر بايان قىلغاندا سوغۇققان ۋە ئېھتىياتچان بولۇشى، رادىكاللىقتىن، بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولۇشى كېرەك، چۈنكى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ھەرىكىتىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە قارىلاش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىۋاتقان بۈگۈنكى خەلقئارالىق ۋەزىيەتتە، بىزنىڭ سۆز - ھەرىكەت جەھەتتىكى كىچىككىنە بىر خاتالىقىمىز، مىللىي ھەرىكىتىمىزگە ناھايىتى چوڭ مۆلچەرلىگۈسىز زىيانلارنى ۋە پايدىسىز ئامىللارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن!

# مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئەنگلىزچە ژورنىلى ۋە قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى ھەققىدىكى رەڭلىك رەسىملىك ژورنىلى نەشىردىن چىقتى

ئۆز خەۋىرىمىز: قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان ئەنگلىزچە سىياسىي - ئىلمىي ژورنالنىڭ تۇنجى سانى ۋە قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ ئىككى يىللىق پائالىيەتلىرىنىڭ بىئوگرافىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رەڭلىك رەسىملىك ژورنىلى يېقىندا بېلگىيەدە چاقىرىلغان 3 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتايغا ئۈلگۈرۈپ نەشىردىن چىقتى ۋە قۇرۇلتاي جەريانىدا تارقىتىلدى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، 2 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئۆتكەن يىلى ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىدا، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئاڭلىتىش ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىگە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە سىستېمىلىق مەلۇمات بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى تەرىپىدىن مەخسۇس ئەنگلىزچە سىياسىي - ئىلمىي ژورنال نەشر قىلىپ تارقىتىش ۋە ئەنگلىزچە ئىنتېرنېت سەھىپىسى ئېچىش ھەققىدە قارار ئېلىنغان ئىدى، بۇ قارارغا ئاساسەن قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى بۇيىلىنىڭ باشلىرىدا مەخسۇس ئەنگلىزچە ئىنتېرنېت سەھىپىسى ئېچىپ، دۇنيا ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە سىستېمىلىق مەلۇمات بېرىپ كېلىۋاتاتتى. ئىككىنچى باشقۇچتا قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى، قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى بەزى تەشكىلاتلار بىلەن ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، يېقىندا « ئۇيغۇرلار » ناملىق ئەنگلىزچە ژورنالنىڭ تۇنجى سانىنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. مەزكۇر ژورنالنى ھازىرلاش ۋەزىپىسىنى قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « شۋېتسىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى » نامىدىكى بۇ جەمىيەتنىڭ رەئىسى فارۇق سادىق ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

ژورنالنىڭ تۇنجى سانىدا، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنىڭ ۋە چەتئەللەردىكى بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، شۇنداقلا، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ چەتئەللەردىكى ئەھۋالى ھەم مىللىي قۇرۇلتاي ھەققىدىكى مەلۇماتلار يەر ئالدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى تەرىپىدىن ھازىرلانغان، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى پائالىيەتلىرى بىئوگرافىيىسى » ناملىق رەڭلىك رەسىملىك ژورنالمۇ يېقىندا رەسمىي نەشىردىن چىقىپ تارقىتىلدى. بۇ ژورنالدا، 2 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىلغاندىن بۇيان قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرنىڭ ۋە مەركىزى ئورگانغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنىڭ رەسىملىك بىئوگرافىيىسى يەر ئالدى. 45 بەتلىك بۇ رەسىملىك ژورنالدا جەمئى 80 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل فوتو - سۈرەت يەر ئالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىشىگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن مەزكۇر ژورنال لاتىن ھەرپىدە ھازىرلاندى.






چەتئەللەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي كۈرىشىمىز تارىخى يېڭى قەدەم قويدى !

# 3 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي ياۋروپا پارلامېنتىدا غەلىبىلىك ئېچىلدى



( بېشى 1 - بەتتە ) 2001 - يىلى 18 - 19 - ئۆكتەبىر كۈنلىرى چاقىرىلغان بۇ قىممەتلىك تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە قۇرۇلتايغا تۈركىيە، ئاۋۇستىرالىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، بىلگىيە، شۋېتسىيە، شىۋېتسارىيە، گوللاندىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستان، روسىيە قاتارلىق 12 دۆلەتتىن ۋەكىل ۋە مېھمان قاتناشتى. بۇ قىممەتلىك قۇرۇلتايدا مىللىي ھەركىتىمىزنىڭ ئومۇمىي ستراتېگىيەلىرى ئەتراپلىق مۇزاكىرە قىلىنىپ، دۇنيا ۋەزىيىتىگە ماس ھالدا يېڭى كۈرەش ئۇسۇللىرى ۋە تاكتىكىلىرى بېكىتىلدى، قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىغا قىسمەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. قۇرۇلتاينىڭ ياشلاشتۇرۇلغان رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى ۋە قۇرۇلتاينىڭ قارارى ئېلان قىلىندى. مىللىي قۇرۇلتاي، ھەم قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ۋە چەتئەللىك كۆزەتكۈچىلەر تەرىپىدىن بىردەك ھالدا « چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەركىتىنىڭ يېڭى بۇرۇلۇش نوقتىسى » دەپ قارالدى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى، ئۆتكەن نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتايدا سايلاپ چىقىلغان رەھبەرلىك ھەيئىتىنىڭ 2 يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرىگە يۇقۇرى باھا بەردى.

3 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي 18 - ئۆكتەبىر كۈنى ئەتىگەن سائەت 30 : 9 دا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە رەسمىي باشلاندى. قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا 12 دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىل ۋە مېھمانلار، شۇنداقلا موسكۋا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋالىنتىن گېفتېر، ئەنگلىيەلىك يازغۇچى ۋە ئالىم خىرىستىيان تايلىر، تۈركىيەنىڭ تۈركىي ئەللەرگە مەسئۇل دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئابدۇخالۇق چاينىڭ ئالاھىدە ۋەكىلى ھاۋا كۆك خانىم ، ئىستانبۇل كوچ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىراپېسسورى تىمۇر خوجا ئوغلۇ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى بىلگىيە شۆبىسىنىڭ ۋەكىلى دومىنكو خانىم ... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ ساندىكى چەتئەللىك مېھمانلار ۋە دوستلار، چەتئەل مۇخبىرلىرى ھەمدە بىلگىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ 100 گە يېقىن كىشى قاتناشتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن، شەرقىي تۈركۈستانىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن قۇربان بولغان شەھىتلىرىمىزنىڭ، شۇنداقلا، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا قەستكە ئۇچراپ قۇربان بولغان دىلبىرىم سامساقوۋا خانىم ھەم نىغمەت بوساقوۋ ھاجىملارنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇپ ئۆتۈلدى، قىرائەت، مىللىي قۇرۇلتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ھاجى ياقۇپ ئانات تەرىپىدىن ئوقۇلدى.

قىرائەتتىن كېيىن، يىغىن رىياسەتچىسى ئەسقەرجان، بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا كەلگەن چەتئەللىك مېھمانلارنى ۋە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، ئەسقەرجان ئۆز سۆزىدە، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن بەزى ۋەكىللەرنىڭ يىغىنغا كېلەلمىگەنلىكىنى، شۇنداقتىمۇ يەنە بۇ قىممەتلىك قۇرۇلتايغا 36 نەپەر



ۋەكىلنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاكالىتەن بىلەن ئىشتىراك قىلغانلىقىنى ۋە



ئۇلارنىڭ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ( قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 51 ) تەشكىل قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا تۇنجى بولۇپ قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان سەھنىگە چىقىپ سۆز قىلدى.

ئەنۋەرجان ئېچىلىش نۇتقىدا، 3 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتىينىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدا ئېچىلىش ئارقىلىق، ۋەتەن داۋاسىنىڭ سىياسىي ئىمتىيازىنى دۇنيا سىياسىي سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىشتا زور مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى، مىللىي كۈرىشىمىزگە بىۋاستە قاتنىشىۋاتقان، بۇ كۈرەش يولىدا ئىنقىلاۋىي، سىياسىي ۋە ئىختىسادىي جەھەتتىن پىداكارلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ئەزىز سەبداشلارنى قۇتلۇقلايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا، بۇ كۈرەش يولىدا ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا كۆچىنى - كۆچىگە قوشۇپ، ئالدىنقىلار يىقىلسا كېيىنكىلەر ئىزىنى بېسىپ بۇ مۇقەددەس داۋانى بۈگۈنكى باسقۇچقا ئېلىپ كەلگەن، مال - مۈلكى بىلەن ئىسسىق جانلىرى بىلەن پىداكارلىق كۆرسىتىپ ھېچ بىر بەدەل تەلەپ قىلمىغان ۋە مىننەت قىلمىغان مىليونلارچە ئەزىمەتلەرگە ئاپىرىن ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان ئۆز سۆزىدە يەنە، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ، چەتئەللەردىكى مىللىي مەسىلىمىزدە ساخلىنىپ كېلىۋاتقان ئورغۇن سەلبىي توسالغۇلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، قۇرۇلتايغا دەسلەپتە ئەزا بولغان 13 تەشكىلاتتىن ھازىر 18 تەشكىلاتقا

تەرەققىي قىلغانلىقىنى، تاشقىي ئالاقىلاردا زور ئىلگىرلەشلەرنى ھاسىل قىلىپ، ب د ت كىشىلىك ھوقوق كومىتېتى، ياۋرۇپا پارلامېنتى، ياۋرۇپا ئىتتىپاقى... قاتارلىق خەلقئارالىق ئورگانلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنۇتۇلغانلىقىنى، ياۋرۇپا ئەللىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى، روسىيە بىلەنمۇ مەلۇم دەرىجىدە بىۋاستە دىيالوگ باشلىغانلىسىنى، بۈگۈنكى كۈندە ياۋرۇپا پارلامېنتىدا مىللىي قۇرۇلتاينى ئېچىۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ نەتىجىلىرىمىزنىڭ جانلىق ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزدىكى ھەل قىلغۇچ نەتىجە ۋە ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى قەدەملىرىمىزنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك تاشلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئەنۋەرجاننىڭ ئېچىلىش نۇتقىدىن كېيىن، قۇرۇلتاينىڭ پەخرى رەئىسى ۋە سابىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى نىڭ رەئىسى گېنرال مەھمەت رىزابېكىن سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. مەھمەت رىزابېكىن يىغىندا قىلغان سۆزىدە، ياۋرۇپادا مۇجادىلە ئېلىپ بېرىۋاتقان ياشلارغا زور ئۈمىدلەرنى باغلاپ، بۇندىن ئىككى يىل بۇرۇن شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىنى ياۋرۇپاغا يۆتكەشكە قارار قىلىنغانلىقىنى، ياۋرۇپادىكى ياش مىللىي كۆرەشچىلىرىمىزنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان ياۋرۇپا سىياسىي سەھنىلىرىدە قولغا كەلتۈرگەن بىر قاتار مۇۋاپىقىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۈمىدنى يەردە قويمىغانلىقىنى ۋە سابىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مەركىزىنىڭ ئەينى چاغدا ئالغان بۇ تارىخى قارارىنى تامامەن ھەقلىق چىقارغانلىقىنى، بولۇپمۇ 3 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ياۋرۇپا پارلامېنتىدا چاقىرىلغانلىقى، بۇنىڭ ئەڭ جانلىق ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئارقىدىن مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مىللىي قۇرۇلتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى ھاجى ياقۇپ ئانات سۆز قىلىپ، مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ھاجى ياقۇپ سۆزىدە نۇقتىلىق ھالدا دېموكراتىك خىتايلار بىلەن بولىدىغان ئالاقىلار مەسلىسى ۋە ئۆز ئىچىمىزدىكى بىرلىك - ئىتتىپاقلىق مەسلىسى ھەققىدە توختالدى. ئۇ، بىرلىك - ئىتتىپاقلىق بولمايدىكەن، ھەر قانداق جەڭگىۋار تەشكىلاتنىڭمۇ ئاخىرى يىمىرىلىدىغانلىقىنى تارىخىمىزدىن ئىبرەت ۋە ساۋاق ئېلىشىمىز لازىملىقىنى، قۇمۇل ئىنقىلاۋىنىڭ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىرىنىڭ يېڭىلىشىدا خەلقئارا ئامىللار بولغىنىدەك ئىتتىپاقسىزلىقمۇ مۇھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

مىللىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ بىرى ۋە ئۇنىپو تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىۋى ئەركىن ئالىپتېكىن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا، بۈگۈن پۈتكۈل دۇنيانىڭ كۆزى بۇ قېتىمقى مىللىي قۇرۇلتىيىمىزدا ئىكەنلىكىنى، چۈنكى بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ بىرىنچىدىن ئامېرىكا باشچىلىقىدا تېرورىزىمنى يوق قىلىش ئۈچۈن باشلانغان خەلقئارالىق كۆرەشكە، ئىككىنچىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېرورىست دەپ كۆرسىتىۋاتقان، ئۈچۈنچىدىن خەلقىمىزنىڭ دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا قالغان بىر مەزگىلگە توغرا كەلگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى ھەمدە ئۇشبۇ قۇرۇلتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تېرورىزىمنى يوقۇتۇش ئۈچۈن باشلىغان خەلقئارالىق كۆرەشنى ياقلاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە جاكالىشى كېرەكلىكىنى، خىتاينىڭ سىياسىي تۆھمەتلىرىنى دەلىل - ئىسپاتلارغا تايىنىپ چېرىتىش كېرەكلىكىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، جىددىي پائالىيەتكە كىرىشىدىغان يوللارنى ئىزدەپ تېپىش كېرەكلىكىنى بايان قىلدى.



يېرىم كۈن داۋام قىلغان قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا يەنە، قۇرۇلتاينىڭ ئاۋۇستىرالىيەدىكى ۋەكىلى ئەخمەت ئىگەمبەردى، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان كۆچمەنلەر جەمىيىتى نىڭ رەئىسى ئارسلان ئالىپتېكىن، شىۋىتسىيە ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ رەئىسى پارۇخ سادىق، قۇرۇلتاينىڭ ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن ۋەكىلى شامىل ھاجى ئالماسبېكوف ۋە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى نۆۋەت بىلەن سۆز قىلىپ، ئىككىنچى نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ھەيئىتىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىگە ۋە ياۋرۇپا سىياسىي سەھنىسىدە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋاپىقىيەتلىرىگە ئىجابى باھا بېرىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن يولغا قويۇلىدىغان كۆرەش ئۇسۇللىرى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ پىكىر تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قۇرۇلتاينىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە، يەنى شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن داۋام قىلغان ئومۇمىي يىغىندا ئالدى بىلەن قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجان ئىككىنچى نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاينى ئىككى يىلدىن بۇيان ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ۋە كىرىم - چىقىم خام چوتى ھەققىدە تەپسىلى دوكلات بەردى.

ئەسقەرجان قۇرۇلتاينىڭ خىزمەت دوكلاتىدا، 1999 - يىلى ئۆكتەبىردە 2 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي چاقىرىلغاندىن بۇيان قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ دۈچ كەلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى قىيىنچىلىقلارغا قارىماستىن مىللىي داۋايىمىزنى دۇنيا سىياسىي سەھنىلىرىگە ئېلىپ چىقىشتا زور بۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقىنى، بۇ جەرياندا قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنىڭ 14 دۆلەتكە 36 قېتىم سەپەرگە چىققانلىقىنى، چوڭ - كىچىك بولۇپ 200 قېتىمدىن ئارتۇق تۈرلۈك يىغىنلارغا قاتناشقانلىقىنى، قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان ئۇدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ يىللىق يىغىنىغا ۋەكىل سۈپىتىدە قاتنىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، دۇنيا ئىسلام بىرلىكى، روسىيە پارلامېنتى... قاتارلىقلار بىلەن ۋە ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقلىق داۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىشقا تىرىشىپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى.

ئەسقەرجان، كىرىم - چىقىم خامچوتى ھەققىدە بەرگەن دوكلاتىدا، قۇرۇلتاي مەركىزى ئورۇنلىرىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان ئىختىساتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، چەكلىك ئىختىساتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش يوللىرىنى ئىزدىگەنلىكىنى، گەرچە كىرىمدىن چىقىم كۆپ بولسىمۇ، ئەمما قۇرۇلتاينىڭ بىر قىسىم رەھبەرلىرىنىڭ پىداكارلىقى نەتىجىسىدە قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ يەنە، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىختىزادى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى چېچىلاڭغۇ ھالەتكە خاتىمە بېرىش ۋە چەكلىك ئىختىسادىي كۈچنى بىر مەركەزگە توپلاپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش مەقسىدى بىلەن، شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى نى قۇرۇپ چىققانلىقىنى، ئەمما قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ بۇ جەھەتتە يېتەرلىك دەرىجىدە كۈچ چىقارمىغانلىقىنى، پەقەت گېرمانىيەدىكى ياۋرۇپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزى ئورنىنى مەھ ئىختىسادىي، ھەم سىياسىي جەھەتتە قوللاپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى ۋە قۇرۇلتاي نامىدىن ياۋرۇپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى تەشكىلاتىغا ۋە گېرمانىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتتى.

ئەسقەرجاننىڭ خىزمەت دوكلاتىدىن كېيىن، قۇرۇلتاينىڭ يىغىنى يېپىق داۋام قىلدى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئۈچۈن ئېچىلغان يېپىق يىغىندا، قۇرۇلتاينىڭ باش تەپتىشى تۇرسۇن ئىسلام، ئالدىنقى نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئىككى يىللىق مەزگىلى ھەققىدىكى تەپتىش دوكلاتىنى سۇندى ۋە بۇ جەرياندا قۇرۇلتاي تەركىۋىدىكى بەزى تەشكىلات ۋە شەخسلەردە ساقلانغان مەسىلىلەر، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قۇرۇلتايغا بولغان قاراشلىرى، تەنقىت پىكىرلىرى، دېموكراتىك خىتايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ... ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردى.

قۇرۇلتاي ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى ۋەكىللەرنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا سەمىمىي ۋە ئەستايىدىل جاۋاپ بەردى.

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىردەك ھالدا 2 - نۆۋەتلىك مىللى قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ مىللى داۋايىمىزنى خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە ئېلىپ بېرىشتا توغرا يۆلۈنۈش، توغرا سىياسەت ۋە توغرا ستراتېگىيە تاللىغانلىقىنى، 11 - سەنتەبىردە ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن تېرورىستلىك ھەرىكەتتىن كېيىن ياۋروپا ئەللىرىدە ئىسلام ئالىمىگە قارىتا داۋالغۇچ بولۇۋاتقان بىر پەيىتتە، موسۇلمان بىر مىللەت بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ ياۋروپا پارلامېنتىدا چاقىرىلىۋاتقانلىقىنىڭ، مىللى قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ باسقان قەدەملىرىنىڭ توغرىلىقىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىسپاتلىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئارقىدىن ئىككىنچى نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتى يىغىننىڭ كۈنتەرتىۋى بويىچە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىگە كوللېكتىپ ئىستىپاسىنى سۇندى.

ئورگىنىغا ئالاقە بولۇپ، بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايغا 6 كىشلىك بىر ھەيئەت بىلەن قاتنىشىش ئارزۇسىنى بىلدۈرگەن ۋە ئۇلارنىڭ بۇ تەلىۋى قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى تەرىپىدىن چىرايلىقچە رەت قىلىنغان ئىدى.

# قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى

18 - ئۆكتەبىر چۈشتىن كېيىن سائەت 30 : 3 دىن ئېتىبارەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى دېموكراتىك ھالدا قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى.

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ ماقۇللانغان ماددىلارنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

قۇرۇلتاينىڭ ئەسلىدىكى نىزامنامىسىدا مىللىي، قۇرۇلتاي 2 يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدۇ دەپ بەلگۈلەنگەن ئىدى. يېڭى نىزامنامىدا، مىللىي قۇرۇلتاي 3 يىلدا بىر قېتىم چاقىرىلىدۇ دەپ بەلگۈلەندى. ئەسلىدىكى نىزامنامىدا قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ سانى ئىككى نەپەر بولۇپ، بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا تەشكىلاتلارنىڭ سانىنىڭ كۆپەيگەنلىكى نەزەردە تۇتۇلۇپ، 4 نەپەر مۇئاۋىن رەئىس بېكىتىلدى. مۇئاۋىن رەئىسلەرنىڭ بىر نەپىرى رەئىس ۋەكىلى بولىدى.

قۇرۇلتاينىڭ يېڭى نىزامنامىسىغا ئاساسەن، قۇرۇلتاي رەئىسى مىللىي قۇرۇلتايغا بىۋاستە ئىككى نەپەر تولۇق ھوقوقلۇق رەسمىي ۋەكىل كۆرسىتىش سالاھىتىگە ئىگە.

قۇرۇلتاينىڭ ئەسلىدىكى نىزامنامىسىدا دائىمىي كومىتېت 6 ئايدا بىر قېتىم توپلىناتتى، يېڭى نىزامنامىگە ئاساسەن 1 يىلدا بىر قېتىم توپلىنىدۇ.

نىزامنامىنىڭ 11 - ماددا 4 - پىرگىراپى، مىللىي قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن رەسمىي ياكى غەيرى رەسمىي ئالاقە قىلىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ دەپ قىسقارتىلدى.

گەرچە نىزامنامىغا كىرگۈزۈلمىگەن بولسىمۇ ئەمما مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تەپتىش، ۋەتەن فوندى قاتارلىق بىرقىسىم ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ سانىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە كۆپەيتىش قارارلاشتۇرۇلدى.

# قۇرۇلتاينىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى

19 - ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق، قۇرۇلتاينىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتىنى سايلاپ چىقتى. قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن دىۋان ھەيئىتىنىڭ نازارەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى، ئالدىنقى نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتايدا سايلاپ چىقىلغان رەھبەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ مۇۋاپىقىيەت بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ۋە ئۇلارنىڭ يېڭىدىن ئاساس سېلىپ باشلىغان خىزمەتلىرىنىڭ ئىزچىللىقىغا ۋە ئۇتۇغلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى ۋەزىپىسىنى ساقلاپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇنىڭغا ئاساسەن، گېرمانىيەدىن ئەنۋەرجان يەنە بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ رەئىسلىكىگە سايلاپ چېقىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئامېرىكا، تۈركىيە، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلاردىن بىردىن 4 نەپەر مۇئاۋىن رەئىس سايلاندى.

گېرمانىيەدىن ئەسقەرجان يەنە بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى بولۇپ سايلاندى، ئەنگلىيەدىن ئەنۋەر توختى مۇئاۋىن باش كاتىپلىققا كۆرسىتىلدى. باش كاتىپلىق قارمىغىدىكى تەشۋىقات، مەدىنىي - مائارىپ، ئاياللار، ياشلار ۋە دىنىي ئىشلار باشقارمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلدى. ۋەكىللەرنىڭ نامزات كۆرسىتىشى ئارقىلىق، گېرمانىيەدىن پەرھات مۇھەممىدى قۇرۇلتاي تەشۋىقات، تەتقىقات ۋە ئىنفورماتسىيون باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىغا، گېرمانىيەدىن ئۈمىت ئاگاھى ياشلار باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىغا، گېرمانىيەدىن ئابدۇجېلىل ئەمەت قارىم دىنىي ئىشلار باقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىغا، بېلگىيەدىن رىسالەت خانىم ئاياللار باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىغا سايلاپ چىقىلدى.

ئاكا يەنە قايتا قۇرۇلتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە، قىرغىزىستاندىن تۇرسۇن ئىسلام يەنە قايتا قۇرۇلتاينىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاپ چىقىلدى ۋە قازاقىستان قىرغىزىستان، گېرمانىيە، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن 4 نەپەر تەپتىش سايلاندى.

ۋەتەن فوندى نىڭ رەئىسى ۋە ئۇنىڭ قازاقىستان، قىرغىزىستان، شۋىتسىيە گېرمانىيەلەردىن بىردىن ئورۇنباسارى سايلاپ چېقىلدى. ۋەتەن فوندى نىڭ مەركەزدىكى ئورۇنباسارلىقىغا گېرمانىيەدىن تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن سايلاپ چىقىلدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا، قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ يۇكسەك قارار ئورگىنى بولغان دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنىڭ سانى 15 دىن 17 گە كۆپەيتىلدى ۋە ھەرقايسى ئەللەردىن مۇۋاپىق تۈردە سايلاپ چېقىلدى.

( ئەسكەرتىش: قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، مەخپىيەتلىكىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا قۇرۇلتايدا سايلاپ چېقىلغان بىر قىسىم رەھبەرلەرنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلمىدۇق).

مىللىي رەھبىرىمىز ئەركىن ئالىپتېكىن نۆۋەتتە ئۇنپو تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىۋى بولغاچقا، ئۇنپو نىڭ پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن باشقا تەشكىلاتلاردا ۋەزىپە ئېلىش چەكلەنگەن ئىدى. شۇڭا بۇ نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتايدا ۋەزىپە ئېلىش ئىمكانىيتى بولمىدى.

سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئەركىن ۋە دېموكراتىك ھالدا پىكىر بايان قىلىشىپ، بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا سايلاپ چېقىلغان رەھبەرلىك ھەيئىتىنى پۈتۈن كۈچلىرى بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى ۋە قۇرۇلتاينىڭ قارار ۋە پىرىنسىپلىرىنى شەرتسىز ھالدا ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى، شۇنداقلا ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز ئارا بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدا مىللىي داۋايىمىزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئورتاق كۈچ چىقىرىش لازىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەشتى.

پىشقەدەم ئۇستازىمىز ھاجى ياقۇپ



# خىتاي دېموكراتىك مەسلىسى ئالاھىدە مۇزاكىرە قىلىندى

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئېچكى مۇزاكىرە جەريانىدا يەنە، خىتاي دېموكراتىك كۈچلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق مەسلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتلەر مەسلىسى ھەققىدە ئەتراپلىق مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. بۇ نازۇك مەسىلىدە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى بىردەك ھالدا، تاكى ھازىرغا قەدەر ھېچ بىر خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقوقىنى ئوچۇق - ئاشكارە ئېتىراپ قىلغان بىر بايانات ئېلان قىلىپ باقمىغانلىقىنى، شۇڭا، خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن بولغان ھەر قانداق مۇناسىۋەتلەردە ئالاھىدە ھوشيار بولۇش كېرەكلىكىنى، ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە خىلاپ كېلىدىغان سۆز - ھەركەتلىرىدىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى، خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن بولىدىغان ھەمكارلىقنىڭ پەقەت ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى، نۆۋەتتىكى شارائىت ئاستىدا پەقەتلا ئۇلار بىلەن نورمال دىيالوگ قۇرۇپ، ئۇلارغا خەلقىمىزنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تولۇق ئىستىقلالىيەتتىن باشقا ھېچ قانداق بىر شەرتنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى يەنىمۇ چۇڭقۇرلاپ چۈشەندۈرۈش ۋە تەشۋىق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشتى.

قۇرۇلتاينىڭ باش تەپتىشى تۇرسۇن ئىسلام تەرىپىدىن بېرىلگەن تەپتىش دوكلاتىدىمۇ، ھازىرغا قەدەر چەتئەللەردىكى ھېچبىر تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ، بولۇپمۇ مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى ۋە قۇرۇلتاي قارمىغىدىكى ھېچبىر تەشكىلاتنىڭ خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى بىلەن بىۋاستە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى قىلىپ باقمىغانلىقى، ئۇلار ھەرزامان خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىققە بولغان ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىزچىل ھالدا تەكىتلەپ كەلگەنلىكى، نۆۋەتتە خىتاي دېموكراتلىرى بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ پەقەتلا چەكلىك دائىرىدىكى نورمال دىيالوگدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى.

مەركىزى ئورگىنى گوللاندىيەدىكى « خىتاي دېموكراتىك پارتىيىسى » قۇرۇلتايدىن بۇرۇن، قۇرۇلتاي مەركىزى

## قۇرۇلتاينىڭ قارارى ۋە دۇنيا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىگە قىلغان مۇراجىئەتى ئېلان قىلىندى

3 - نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئۆزىنىڭ بارلىق كۈن - تەرتىپلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، 19 - ئۆكتەبىر كەچقۇرۇن غەلىبە بىلەن ئاياغلاشتى. قۇرۇلتاينىڭ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت 4 دە باشلانغان يېپىلىش مۇراسىمىدا، دىۋان ھەيئىتى، قۇرۇلتاينىڭ يېڭى رەھبەرلىك ھەيئىتىنى يىغىنغا قاتناشقان مېھمانلارغا تەقدىم قىلدى. تەقدىمدىن كېيىن، قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى قىسقىچە سۆز ئېلىپ، خەلقىمىزنىڭ، شۇنداقلا قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىققا تىرىشىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا چەتئەللەردىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى مىللىي قۇرۇلتاي ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، مىللىي داۋايىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئورنىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

قۇرۇلتاينىڭ ئاخىرىدا، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلگەن قۇرۇلتاينىڭ قارارى ۋە مىللىي قۇرۇلتاي نامىدىن دۇنيا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىگە قىلىنغان مۇراجىئەتى ئېلان قىلىندى. مەزكۇر قارار ۋە مۇراجىئەتتە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر خىل شەكىلدىكى تېرورىزىمغا قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقى، شۇنداقلا ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈرلۈك شەكىلدىكى كۈرەشلىرىنىڭ خەلقئارا تېرورىزىم بىلەن ھېچ قانداق ئالاقىسى يوقلىغى، ئەكسىچە، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي ۋە ئىنسانىي ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا دۆلەت تېرورىنى يولغا قويۇۋاتقانلىقى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

قۇرۇلتاينىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا يەنە قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى، بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ ساھىپخانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋە يېڭى باشلانغاندىن تارتىپ ئاخىرلاشقىچە بولغان بىر قانچە كۈن ئىچىدە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، يىغىنغا ھەر قايسى ئەللەردىن كەلگەن مېھمان ۋە ۋەكىللەرنى قىزغىنلىق ھەم مېھماندوستلۇق بىلەن ئالاھىدە كۈتۈۋالغان بېلگىيەدىكى ئۇيغۇر جامائىتىگە كۆپلەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

## چەتئەللىك دوستلار ئۈچۈن ئۇيغۇر سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى

19 - ئۆكتەبىر كەچتە « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى »، بېلگىيەنىڭ پايتەختى بىرۇكسەلدىكى چوڭ مەركىزى مەدەنىيەت سارىيىدا، ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە 3 - نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن چەتئەللىك دوستلار ۋە ئۇيغۇر ۋەكىللەر ئۈچۈن مەخسۇس ئۇيغۇر سەنئەت كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلدى.

گېرمانىيە، گوللاندىيە ۋە بېلگىيەدىكى ئۇيغۇر سەنئەت گۇرۇپپىلىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن ئۇيغۇرچە ناخشا - ئۇسۇل ۋە مۇزىكا كېچىلىكىگە، ياۋروپا پارلامېنتى ۋە بېلگىيە پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ بېلگىيەدىكى شۆبىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن چەتئەللىك ئالىملار مۇتەخەسسەر، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە بېلگىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزدىن بولۇپ كۆپ ساندا كىشى قاتناشتى.

كېچىلىكتە، ئۇيغۇر ئارتىستلىرىمىز تەرىپىدىن ئورۇندالغان مول مەزمۇنلۇق ۋە نەفىس ناخشا - ئۇسۇل نومۇرلىرى چەتئەللىك دوستلارنى ئالاھىدە مەمنۇن قىلدى. كېچىلىكتە يەنە چەتئەللىك مېھمانلارغا بېلگىيەدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز تەرىپىدىن ھازىرلانغان مەخسۇس ئۇيغۇرچە تائاملار تەقدىم قىلىندى. تائاملار ئىچىدە پولۇ، مانتا ۋە ھەتتا ئۆپكە - ھېسىپكىچە ھەر تۈرلۈكى بار ئىدى، چەتئەللىك دوستلار لەززەتلىك ئۇيغۇر تائاملىرىدىن پەۋقۇلئاددە ھوزۇر ئالدى.

## 3 - نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ قارارى

ئا) مىللىي قۇرۇلتىيىمىز، 11 - سېنتەبىر كۈنى نيۇيوركتىكى دۇنيا تىجارەت مەركىزىگە ۋە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە قىلىنغان تېرورىستىك ھۇجۇملارنى، شۇنداقلا ۋەھشى تۈسنى ئالغان ھەر قانداق تېرورىزىم ۋە زوراۋانلىقنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

ب) قۇرۇلتىيىمىز، دۇنيادىكى بارلىق ئۇيغۇرلار نامىدىن ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى ھۆكۈمىتىگە ۋە تېرورىستىك ھۇجۇمدا ھاياتىدىن ئايرىلغانلارنىڭ ئائىلە ۋە بالا - چاقىلىرىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىدۇ.

س) قۇرۇلتىيىمىز، بۇ پاجىئەلىك ۋە جىنايى قىلمىشلارنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان باستۇرۇش ھەرىكىتىنى ھەقلىق كۆرسىتىش نىيىتىدە بۇ تېرورىستىك ھۇجۇمنى ئۆزىنىڭ مەخسەتلىرى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا ئۇرۇنىۋاتقان كوممۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

د) قۇرۇلتىيىمىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆتكەن 50 يىلدىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، بۇ كۈرەشنىڭ خەلقئارا تېرورىزىم بىلەن ھېچ بىر ئالاقىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئەسكەرتىدۇ.

ئې) قۇرۇلتىيىمىز، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، دىنىي، تارىخى ۋە مەدەنىي ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلغان ۋە بۇ ھەقتە ئەركىن پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىگە قارشى دۆلەت تېرورىنى يولغا قويۇۋاتقانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ.

قۇرۇلتىيىمىز، يۇقارقىلارنى تەكىتلەش ئاساسىدا، تۆۋەندىكى قارارنى ئېلان قىلىدۇ:

1 . « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋە دۇنيادىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي غايىسىنىڭ - يۇرتىمىزنى خىتاي مۇستەملىكىسىدىن قۇتقۇزۇش ۋە دېموكراتىيە، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي نىزامنامىسى ئاساسىدا، خەلقىمىزنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى دۇنياغا يەنە بىر قېتىم جاكارلايدۇ.

2 . مىللىي قۇرۇلتىيىمىز، دۇنيا جامائەتچىلىكىنى، بولۇپمۇ ياۋروپا بىرلىكىنى تىبەت خەلقىگە ئوخشاشلا كومۇنىستىك خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ پاشىستىك سىياسىتى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىشكە ۋە بۇ مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدەشكە چاقىرىدۇ.

3 . مىللىي قۇرۇلتىيىمىز، ياۋروپا بىرلىكىدىن ۋە بارلىق دېموكراتىك ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تۈپ كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى كاپالەت ئاستىغا ئېلىش ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىمكانىيىتى يارىتىش مەقسىدىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن، جۈملىدىن شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى بىلەن سىياسىي مۇزاكىرىلەرنى باشلاشقا قايىل قىلىشقا چاقىرىدۇ.

4 . شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى نىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى ( قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستان ) ئۇيغۇر جامائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مائارىپ، مەدەنىيەت، سودا - سانائەت ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتە ياردەم بېرىش پىلان - پىروگراممىلىرىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

2001 - يىلى 19 - ئۆكتەبىر

( بېلگىيە - بىرۇكسەل )

## قۇرۇلتىيىمىزنىڭ دۇنيا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىگە قىلغان مۇراجىئەتى

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ 18 - 19 - ئۆكتەبىر كۈنلىرى بىرۇكسەلدە ئۆتكۈزۈلگەن 3 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى قاتناشقۇچىلىرى دۇنيا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلاردىن بۇ ئورگاننىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زۇلۇم ۋە قېيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ۋە يۇرتتا قانلىق توقۇنۇشلارنىڭ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسىتىدە تىنچ يول بىلەن قىلىۋاتقان بارچە

# قايغۇلۇق تەزىيە

شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى، مىللىي ئۇستاز، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىي ۋە ھارماس كۈرەشچىمىز ھاجى ياقۇپ ئانات ئاكىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتىدىن چەكسىز قايغۇردۇق، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىدىن، مەرھۇمنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىدىن سەمىمىي ھال سورايمىز.

مەرھۇم ئۇستازىمىز ھاجى ئاكا شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەشھۇر مىللىي شەخسلىرىمىزنىڭ بىرى ۋە خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مىللىي كۈرىشىنىڭ ھارماس تۇلپارلىرىدىن ۋە سەركىلىرىدىن بىرى ئىدى، ئۇ، تۈرلۈك دەۋرلەردىكى خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ۋە جازا لاگىرلىرىدا ئۆتكەن 31 يىللىق ھاياتىدا، ئېگىلمەس - سۇنماس قەيسەر روھى بىلەن مۇستەملىكىچىلەرگە قىلچە تىز پۈكمەي، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ئۆلگە تىكلەپ بەرگەن، شۇنداقلا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا ۋە مۇستەملىكىچىلەرگە باش ئەگمەيدىغان كۈرەشچان روھىنى نامايەن قىلغان ئىدى. ئۇ، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نەپسىگىچە مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىدى. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى بارلىق ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زور بىر يوقۇتۇش بولدى. بىز، بارلىق ئۇيغۇر خەلقىنى مەرھۇمنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر سەرىپ قىلغان مىللىي مۇستەقىللىق غايىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئورتاق كۈچ سەرىپ قىلىشقا چاقىرىمىز.

مەرھۇمنىڭ ياتقان يېرى جەننەت بولغاي، ئامىن!

ھۆرمەت بىلەن:

شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى مەركىزى ئورگىنى

ئىستىقلال گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى

2001 - يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ( گېرمانىيە - مىيونخىن )

تۈركىستان ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى ۋە مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى ھاجى ياقۇپ يۈسۈپ ( ئانات ) نىڭ يۈرەك كېسەللىكى بىلەن تۇيۇقسىز ۋاپات بولغانلىقىدىن ئېغىر مۇسىبەت، ئاچچىق قايغۇ ئىچىدە خەۋەر تاپتۇق.

شۇمۇناسىۋەت بىلەن شەخسەن ئۆزەم، ئاۋستىرالىيە دە ياشاۋاتقان ئۇنىڭ ۋەتەنداشلىرى بۇ ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان چوڭ يوقىتىش ھەم ئېغىر جۇدالىق كۈنلەردە ھاجى ياقۇپ ئاكىنىڭ ئائىلە - تاۋاباتى، ئۇرۇق - تۇققانلىرى ، ئۇ چىن قەلبىدىن سۆيگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىن ئالاھىدە كۆڭۈل سوراپ سەمىمى تەزىيەمىزنى بىلدۈرۈمىز.

ئۇيۇغر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ھاجى ياقۇپنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئۇيۇغر خەلقىنىڭ يېقىن زامانلاردىكى پاجىئەلىك تەقدىرى، كۆرۈۋاتقان زۇلۇم - سىتەملىرى ھەم كېلەچەككە بولغان ئۇلۇق ئارزۇ، ئارمانلىرى بىلەن چەمبەر چاس باغلانغان بولۇپ، 1939 . يىلدىلا ياش ھاجى ياقۇپ شېڭشىسەي ھۆكۈمرانلىقىدىكى جاللات خىتاي ھاكىمىيتى تەرىپىدىن « ياپون جاسۇسى » دىگەن تۆھمەت بىلەن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان بولسا، 1949 . يىلدىن كىيىنمۇ « پانتۈركىست » ، « پان ئىسلامىست » جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە تاشلاندى. 1970 . يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملىق تۈرمىلەردە، جازالاگېرلىرىدە دەھشەتلىك ھايات داۋانلىرىدىن ئۆتتى ...

ئۇنىڭ 81 يىللىق ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل، بەكمۇ قىممەتلىك ۋاقىتلىرى خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ قانلىق زىندانلىرىدا غازاڭ قىلىندى.

شەرقىي تۈركىستان تارىخىدىكى ئۇلۇق مۇجاھىد ئابلىز مەخسۇمدىن قالسىلا، ھاجى ياقۇپ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن تۈرمىدە ياتقان ئۇستازلاردىن ھىساپلىنىدۇ. ئۇ، تۈرمىدىن چىقىپمۇ خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ سىياسىي تەقىپ ۋە بېسىمىدىن ۋە زىيانكەشلىكىدىن قۇتۇلالماي، 1996 . يۇشۇھالدا ۋەتىنىدىن چىقىپ، تۈركىيەگە كېلىدۇ ۋە تۈركىيەدە تارىخ تەتقىقات ئورۇنلىرىدا تەتقىقات ۋە تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇ، ئوتلىغان ئىلمى ماقالىلىرى ھەم تارىخ جەھەتتىكى قىممەتلىك ئەمگەكلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا قىممەتلىك تۆھپىلەر قوشتى.

ئۇنىڭ ۋە تەن مىللەت داۋاسى يولىدىكى قىممەتلىك ئىزلىرى ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا قەلبىمىزدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ئەلۋىدا ئەي ھۆرمۈتلىك ئۇستاز! جانابى الله سىزگە پىردەۋس جەننەتنى ئاتا قىلسۇن!

چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە تە زىيە بىلەن:

« ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » نامىدىن - ئەخمەت ئىگەمبەردى

2001 . يىلى ئاۋستىرالىيە

# تەزىيەنامە



2001. يىلى 9 . نۇيابىر كەچ سائەت 7 دىن ئۆتكەندە ئەنقەرە شەھرىدە شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى مەسلەھەتچىلەر كېڭىشى رەئىسى، شەرقىي

# قۇرۇلتايدىن كۆرۈنۈشلەر



گېزىتىمىزنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممەدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋدۇن
ئاسىيەم فىدا
كومپيۇتېرغا ئالغۇچى:
ئالىمجان مۇھەممەت
كورىكتور : ئۇچقۇن قەشقىرى

گېزىتىنىڭ ئازارەتچىلىرى:
ھاجى ياقۇپ ئانات (تۈركىيە
ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر (ئامېرىكا)
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە
سىيىتجان قەيسەر (ئۆزبەكستان)
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقستان)
سابىت ئابدۇراخمان ( قازاقستان )

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقىئەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات - ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھىساپ نومۇرىمىز:
Ostturkistanische
(Uighurischer)
National Kongress
Deutsche Bank
Konto Nr: 2009207
BLZ:70070024

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer) National
Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen Germany
Tel: 0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax: 0049 89 55 86 99 87
178 35 25
Internet:
www.eastturkistan.com
E-mail:ETNC@onlinehome.de